# ئىنسانىنىڭ جامائەت بىلەن ئادا قىلغان نامىزى ئۆيىدە، دۇكىنىدا ۋە بازاردا يالغۇز ئادا قىلغان نامىزىدىن يىگىرمە نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولىدۇ

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىنسانىنىڭ جامائەت بىلەن ئادا قىلغان نامىزى ئۆيىدە، دۇكىنىدا ۋە بازاردا يالغۇز ئادا قىلغان نامىزىدىن يىگىرمە نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولىدۇ، ئۇنداق بولۇشى: ئۇلاردىن بىرى تاھارەتنى مۇكەممەل ئېلىپ مەسچىتكە كېلىدۇ، ئۇ كىشى پەقەت جامائەت بىلەن ناماز ئادا قىلىشنىلا مەقسەت قىلىپ مەسچىتكە كېلىدۇ، ئۇ كىشىنىڭ ھەر بىر قەدىمى ئۈچۈن بىر دەرىجە كۆتۈرلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىر خاتالىق ئۆچۈرلىدۇ، ھەتتا مەسچىتكە كىرگۈچە شۇنداق بولىدۇ. مەسچىتكە كىرىپ نامازنى كۈتۈپ ساقلاپ تۇرسا نامازدا تۇرغاندەك بولىدۇ. سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزىنىڭ ناماز ئادا قىلغان ئورنىدا بىرسىگە ئەزىيەت يەتكۈزمەستىن ۋە تاھارىتى بۇزۇلماستىن تۇرغان مۇددەتتە، پەرىشتىلەر ئۇ كىشى ئۈچۈن :«ئى ئاللاھ! ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسىلا، ئۇ كىشىنى مەغپىرەت قىلسىلا، ئۇ كىشىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلسىلا» دەپ دۇئا قىلىدۇ.

[تېكست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

پەيغەمبەرئەلەيھسسالام شۇنداق خەۋەر بېرىدۇكى، مۇسۇلمان كىشى نامازنى جامائەت بىلەن ئادا قىلسا، ئۇ ناماز ئۇنىڭ ئۆيىدە، ياكى بازاردا، دۇكاندا يالغۇز ئادا قىلغان نامازدىن يىگىرمە نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولىدۇ. ئاندىن بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلدى: بۇ تاھارەتنى مۇكەممەل، تولۇق ئالسا، ئاندىن پەقەت نامازنى مەقسەت قىلىپ مەسچىتكە چىقسا، ئۇ كىشىنىڭ باسقان ھەر بىر قەدىمى ئۈچۈن بىر دەرىجە كۆتۈرىلىدۇ، بىر خاتالىق ئۆچۈرىلىدۇ. مەسچىتكە كىرگەندە نامازنى كۈتۈپ ئولتۇرسا، ئۇ كىشى نامازنى كۈتۈپ ئولتۇرغاندا نامازدا تۇرغانىنىڭ ئەجىر-ساۋابىغا ئېرىشىدۇ، ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ ناماز ئادا قىلغان ئورنىدا ئولتۇرغان مۇددەتتە پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا مۇنداق دۇئا قىلىدۇ: «ئى ئاللاھ! ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسىلا، ئۇ كىشىنى مەغپىرەت قىلسىلا، ئۇ كىشىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلسىلا». بۇ شەرەپكە تاھارىتى بۇزۇلمىغان، ئىنسانلار ياكى پەرىشتىلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلمىغان ھالەتتە ئېرىشەلەيدۇ.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4566

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee